شىنجاڭ گېزىتى
新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 1 ـ ئاي
31
جۈمە
维吾尔文 1 月31日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24957 ـ سان بۈگۈن 2 بەت

شى جىنپىڭنىڭ ئارمىيەنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە قارىتا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقى پۈتۈن ئارمىيەدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرلار مېي شىيۇڭ، لى يۈن، فەن يۈڭچياڭ) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا ئارمىيەنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، ئاساسىي مەقسەتنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى تەكىتلىدى. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى پۈتۈن ئارمىيەدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەر ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلايلى

بىردەممۇ ئارام ئالماسلىق، قىلچە بوشاشماسلىق، ئىزچىل ئالدىدا مېڭىش

—— ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلماقتا

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيىتى ئالدىدا، ئۇدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار «مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن ئاۋۋال باراي» دېگەن مېلودىيەنى ياڭراتتى، 80 مىڭغا يېقىن ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 1 مىليون 420 مىڭ ھەر مىللەت پارتىيەلىك كادىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ بىردەممۇ ئارام ئالماي، قىلچە بوشاشماي، ئىزچىل ئالدىدا مېڭىپ، پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇردى.

بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇرۇش

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سائەت 6 دە، شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھى ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورت شۆبە شىركىتى جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزى (خەلق ئاۋىياتسىيەسى دوختۇرخانىسى) پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ما يەن ئۇدا 12 سائەت داۋاملاشقان خىزمەتنى ئاياغلاشتۇردى. «بىز ئايروپورتقا كىرىشتىكى بىرىنچى ئۆتكەلنى چىڭ ئېگىلەيمىز» دېدى ما يەن.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنىڭ تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلۇشى، يولۇچى توشۇشنىڭ نورمال بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەربىر نۆۋەتچى ئايروپىلان يەرگە قونغاندا، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورت شۆبە شىركىتى جىددىي قۇتقۇزۇش مەركىزىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ئايروپىلانغا چىقىپ يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تەكشۈردى، ئەگەر يولۇچىلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى 37.3 سېلسىيە گرادۇستىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، يولۇچىنى دەرھال بەلگىلەنگەن دوختۇرخانىغا يۆتكەيدى.

ما يەن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: چاغانلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدىكى قايتىش يۇقىرى دولقۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، نۆۋەتچى ئايروپىلانلارنىڭ سانى كۆپەيدى، خىزمەت مىقدارىمۇ كۆپەيدى، 24 تىببىي خادىم ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، بىردەممۇ ئارام ئالماي ھەربىر ئۆتكەلنى چىڭ ئېگىلىدى. «ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى پارتىيە ئەزاسى، بۇ بىر نەچچە كۈندە ئىزچىل بىرىنچى سەپتە چىڭ تۇردى، مۇداپىيەلىنىش كىيىمى كىيىپ، مۇداپىيەلىنىش ماسكىسى تاقاپ ئايروپورتقا كىرگەن يولۇچىلارنى تەكشۈردى، ماسكىنى ئۇزاق تاقىسا قاڭشارنىڭ تېرىسى شەلۋەرەپ كېتەتتى، مۇشۇنداق بولسىمۇ كۆپچىلىك يەنىلا يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، قىلچە بېپەرۋالىق قىلمىدى» دېدى ما يەن.

ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا، تىببىي خادىملار ئىزچىل ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇردى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 78 كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، ICU دوختۇرى جاڭ جيەنفېڭ شۇلارنىڭ بىرى. 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئاغرىقلار رايونىغا كىرگەندىن باشلاپ، جاڭ جيەنفېڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن ئىزچىل ئالدىراش بولۇپ كەتتى، ئۇ بىر قېتىم ئەڭ ئۇزاق بولغاندا ئۇدا 18 سائەت ئىشلىدى. ئېغىر كېسەللەرنى كۆزىتىش ئۆيىدىن چىققاندا، ھالىدىن كېتەي دەپ قالغانىدى.

بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئاغرىقلار رايونىدىكى تىببىي خادىملار ھەر تۆت سائەتتە بىر قېتىم مۇداپىيەلىنىش كىيىمىنى ئالماشتۇرىدۇ. خادىملارنىڭ زىيادە كىرىپ ـ چىقىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن، جاڭ جيەنفېڭ ۋە خىزمەتداشلىرى كۆپىنچە ھالدا چوڭلار زاكىسىنى تاقاپ ئاغرىقلار رايونىغا كىرەتتى. ئاغرىقلار رايونىغا كىرىشتىن بۇرۇن تىببىي خادىملار تاماق يېيىشكە، سۇ ئىچىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى، تىببىي مۇداپىيەلىنىش بۇيۇملىرى ھەم بولۇپ ھاۋا ئۆتۈشمەيتتى، تۆت سائەتتىلا پۈتۈن بەدەن ھۆل بولۇپ كېتەتتى، لېكىن جاڭ جيەنفېڭ ۋە خىزمەتداشلىرى قىلچە ئاغرىنمىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە ئەسلىي مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشىمىز كېرەك».

«ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن پارتىيە ۋە دۆلەت يېتىشتۈرگەن تىببىي مۇتەخەسسىس، يۇقۇم ئالدىدا بىز ئىشلىمىسەك كىم ئىشلەيدۇ؟» دېدى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى غۇلجا ناھىيەلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر ۋىراچى، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىنىڭ مۇدىرى خەن ۋېنچاڭ قەتئىيلىك بىلەن.

خەن ۋېنچاڭنىڭ خوتۇنى ما كېخۇي غۇلجا ناھىيەلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ مۇدىر دەرىجىلىك سېستىرا يېتەكچىسى ئىدى. بىر قانچە كۈندىن بۇيان ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە بىردەممۇ ئارام ئالماي ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ما كېخۇي ئاساسلىقى تىببىي خادىملارنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرى بويىچە تەربىيەلەشكە مەسئۇل ئىدى، خەن ۋېنچاڭ ئىشخانىسىغا كارىۋات قويۇپ، كېچە ـ كۈندۈز كېسەلخانىلارنى چارلاپ، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسىدىكى ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەكشۈردى، كۆزەتتى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ تاماق يېيىشكىمۇ ۋاقىت چىقىرالمىدى، قورسىقى ئاچسا تەييار چۆپ بىلەن قورساق تويغۇزدى.

«پارتىيە ئەزالىرى ھەممە يەردە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىشى كېرەك» دېدى خەن ۋېنچاڭ.

مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىش

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سەھەردە، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورت تاموژنا تەكشۈرۈش 1 ـ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى نائىل ھەبىبۇل ماسكا تاقاپ، پەلەي كىيىپ، شۇ كۈندىكى نۆۋەتچىلىكنى باشلىدى. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى تاموژنىسى بارلىق تاموژنا خادىملىرىغا «چاغاندا مەن خىزمەت ئورنۇمدا بولىمەن» تەشەببۇسىنى چىقاردى، ئۈرۈمچى خەلقئارا ئايروپورت تاموژنىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى بۇنىڭغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، دەرھال پارتىيە ئەزالىرى ئۈچ كىچىك شۆبە ئەترەت بولۇپ تەشكىللىنىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يولۇچىلارنىڭ چېگرادىن كىرىپ ـ چىقىشىنى تەكشۈرۈش، مال تەكشۈرۈش قاتارلىق كەسىپلەرنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتالاندى. نائىل پارتىيەگە كىرگىنىگە 20 نەچچە يىل بولغان پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىرىنچى ۋاقىتتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى كىچىك شۆبە ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەشنىڭ پۇختا مۇداپىيە سېپىنى بەرپا قىلايلى

☐ **خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بىر مەيدان ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتى، خەلق ئاممىسى بۇ مەيدان كۈرەشتىكى ئاساسىي كۈچ.

«ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەڭ كۆلەمدە ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىنى تەشكىللەپ، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەشنىڭ پۇختا مۇداپىيە سېپىنى بەرپا قىلىشى كېرەك.» يېقىندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، بىزنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز، كۆپنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىمىز ئۈچۈن يۆنىلىش ۋە يول كۆرسىتىپ بەردى.

يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس ھەربىر ئادەمنىڭ ساغلاملىقىغا تەھدىت سالماقتا، يۇقۇم ئالدىدا چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلار يوق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرماقتا. بۇ مەيدان ئالاھىدە جەڭدە شەخس بىلەن ئائىلە، شەخس بىلەن كوللېكتىپ، شەخس بىلەن جەمئىيەت زىچ مۇناسىۋەتلىك، مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش. ئۆزىنىڭ بەختەرلىكى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ساغلاملىقى، خىزمەتداشلىرىنىڭ بەختى، مەھەللىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن، ھەربىر ئادەم ئاكتىپ ھالدا جەڭگە ئاتلىنىشى زۆرۈر. بىز ھەربىرىمىز ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى ئىگىلىگەندىلا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش چوڭ تورىنى ئاندىن ياخشى توقۇيالايمىز، پۇختا توقۇيالايمىز. ئاساسىي قاتلام مەھەللىلىرى، جۇملىدىن يېزا مەھەللىلىرىنىڭ سەپەرۋەر قىلىش ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دائىرىلەپ، ئالا قويماي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى ئائىلىلەرگىچە، ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر دىياگنوز قويۇش، بالدۇر داۋالاش»نى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن «كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يامراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تەك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نىشانىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەش ھەم دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، ھەم بىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشىمىزدىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر.

ئامما ئالدىنى ئېلىش، ئامما تىزگىنلەشنىڭ پۇختا مۇداپىيە سېپىنى بەرپا قىلىشتا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. خەتەرلىك پەيتتە، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشى، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بۇرچى، پارتىيەمىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى. ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، خەۋپ ـ خەتەردىن قورقماسلىق، شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇپ ئاۋانگارت،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

ماددىي ئەشيا زاپىسى ـ تەمىناتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى يېتەرلىك ماددىي ئەشيا كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ شياك خەۋەر قىلىدۇ:** 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىگە كېلىپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ماددىي ئەشيا كاپالىتى خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تەكشۈردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرملىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن تۇرلۇك چارە ـ ئاماللار ئارقىلىق ماددىي ئەشيا زاپىسى ـ تەمىناتىنى ياخشى تۇتۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئۈنۈملۈك قاندۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى يېتەرلىك ماددىي ئەشيا كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ گۋاڭمىڭ يولىغا جايلاشقان پۈجىتاڭ چوڭ دورىخانىسى بىلەن شىنتې دورىخانىسىدا ماسكا، ئىسپىرت، تېرمومېتىر، ۋىرۇسقا قارشى تۇرۇش دانچىسى قاتارلىق يۇقۇمدىن مۇداپىيەلىنىش بۇيۇملىرى كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا رەتلىك قويۇلغانىدى. شۆھرەت زاكىر نەق مەيداندىكى خىزمەتچى خادىملاردىن ھال سورىدى، ھەرقايسى دورىخانىلارنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ۋە تاۋار زاپىسى ـ تەمىناتى ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: تىببىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرى ھازىر ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى، تىببىي دورا توپ ـ پارچە سېتىش كارخانىلىرى سەممىي تىجارەت قىلىپ، جەمئىيەت مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، دورا تەمىناتىنىڭ يېتەرلىك، باھاسىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، تاۋارلارنى بېسىپ قويۇپ ھايانكەشلىك قىلىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاممىنى زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولدى

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز**

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، شەھەر ئاھالىلىرى ئۈرۈمچى 1 ـ ئىيۇل جياڭيۇ زاۋۇتى ئۇنىۋېرسال مال سېتىۋېلىش مەركىزىدە كۆكتاتلارنى تاللاپ سېتىۋالماقتا.

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى**

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاممىنى زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بىلەن تەمىنلەش قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ يېقىندا، مۇخبىرلار ھەرقايسى جايلاردىكى سودا سارايلار، تاللا بازارلىرى، مەھەللە بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىلىرى ھەم كۆكتات دۇكانلىرىنى زىيارەت قىلىپ، نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بازىرىدا مال مەنبەسىنىڭ يېتەرلىك، تۈرىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى، بازار تەمىناتىنىڭ پۇختا كاپالەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، مۇخبىر ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى دوستلۇق جەنۇبىي يولىدىكى دوستلۇق تاللا بازىرىغا كەلدى. كىرىش ئېغىزىدا، خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەممىسى ماسكا تاقىغان ھەم تاللا بازىرىغا كىرگەن خېرىدارلارنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ تەكشۈرۈۋاتقان بولۇپ، ئۇلارغا تاللا بازىرىغا كىرگەن ـ چىققاندا ماسكا تاقاشنى، مۇداپىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئەسكەرتىۋاتاتتى. تاللا بازىرىدا، مال جازىلىرى لىق تولغان، گۆرۈچ، ئۇن، ياغ، يېڭى كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ تۈرى مول بولۇپ، تۈرلۈك قولاي يېمەكلىكلەر، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، گۆش تۈرى قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك ئىدى.

شىنجاڭ دوستلۇق (گۇرۇھى) پاي چەكلىك شىركىتى تىجارەت باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى خەن ۋېيخۇا مۇنداق دېدى: چاغاندىن بۇيان، دوستلۇق گۇرۇھى تاللا بازىرى شۆبە شىركىتى تەقسىملەش ـ يەتكۈزۈش مەركىزى ئىسمىنا قوشۇپ ئىش ۋاقتىنى ئۇزارتىپ ئىشلەپ، ماللارنىڭ ھەرقايسى سېتىش مەيدانلىرىغا ۋاقتىدا تەقسىملىنىشى ـ يەتكۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە، تاللا بازىرى مال زاكاز قىلىش، ۋاقتىدا بازارغا سېلىشقا تېزدىن تەشكىللەپ، ئاشلىق ـ ياغ، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە، قولاي يېمەكلىك، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ۋە مۇداپىيە ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى ھەم مال باھاسىنى قەتئىي ئۆستۈرمەسلىككە ۋەدە بەردى. نۆۋەتتە، دوستلۇق گۇرۇھىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى توققۇز شەھەردىكى 15 تۈرلۈك ماللار دۇكىنى، دوستلۇق تاللا بازىرى ھەم YO+ قولاي دۇكاندىن 60نىڭ ھەممىسى نورمال تىجارەت قىلماقتا.

«دۇكىنىمدا تەخمىنەن 100 خىلدىن ئارتۇق كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە ۋە قوشۇمچە يېمەكلىك بار، مال مەنبەسىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مەن ھەر كۈنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم توپ سېتىش بازىرىغا بارىمەن.» 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى شىمىگو رايونى لىۋداۋان تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ قاراماي شەرقىي مەھەللىسىدىكى كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسى 4 ـ نومۇرلۇق دۇكىنىنىڭ ئىگىسى جاڭ لىچۈەن مۇنداق دېدى: دۇكىنىمىزدا ھەر كۈنى بىر تونىنا ئەتراپىدا ھۆكۈمەت زاپاس كۆكتىتى بىلەن تەمىنلىۋاتىمىز، باھانى مۇقىم ئارىلىقتا ساقلاۋاتىمىز، سۈپىتى كاپالەتكە ئىگە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مال مەنبەسى يېتەرلىك.

«چاغاندىن ئىلگىرى بىز نۇرغۇن زاپاس ساقلاش خىزمىتىنى ئىشلەپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق، ھازىر بىز ھەر كۈنى 60 نەچچە خىل كۆكتات بىلەن تەمىنلەيمىز، مال مىقدارى يېتەرلىك، باھاسى مۇقىم» دېدى ئۈرۈمچى شەھىرى تيەنشان رايونى سۈيچۈەن يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى رەڭگۈاڭ مەھەللىسى كۆكتات، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسىنىڭ مەسئۇلى شۇ چيخې. مۇخبىر بىۋاسىتە سېتىش نۇقتىسىدىكى مال جازىسىغا ياڭيۇ، چىڭسەي، موگۇ قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ لىق تىزىلغانلىقىنى، گۆرۈچ، ئۇن، ياغ قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭمۇ شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ تاللاپ سېتىۋېلىشى ئۈچۈن رەتلىك قويۇلغانلىقىنى كۆردى.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سودا ئىشلىرى تارماقلىرى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ مال مەنبەسىنى پائال تەشكىللىشىگە ھەيدەكچىلىك، يېتەكچىلىك قىلىپ، يۆتكەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تۈرپان،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)